بولۇشنى خالايمەن.

توشقان بىراقلا شۇ گەپلەرنى دەپ ئوڭايسىز ھالەتتىن قۇتۇلۇپتۇ. ئۇ ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن:

- غاز ئۇستام! – دەپ سالام بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن توشقان سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىدىغان ئۇستازىغىمۇ ئېرىشىپتۇ ۋە ناھايىتى تېزلا سۇ ئۈزۈش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋاپتۇ.

**يېڭى سۆز – ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Sallan - | ئالچاڭلا - |
| Doymaz,açgöz | ئاچكۆز |
| Göğüs | كۆكرەك |
| Zurnacı | سۇنايچى |
| Pro yap - | رېپېتىتسىيە |
| Süs | زىننەت |
| Cesaret et - | پېتىن - |
| Bilge | دانىشمەن |
| Köprü | كۆۋرۈك |
| Sinsi | مۇتتەھەم |
| Hoşlan - , İyi gel -, | خۇش ياق - |
| Kaldırım | يالغۇز ئاياغ يول |
| Salla- | ئىرغاڭلا - |
| Fısılda - | پىچىرلا - |
| Tırman - | ياماش - |
| Yetenek | ماھارەت |
| Gerin - | كېرىل - |
| Esne - | ئەسنە - |

**گراماتىكا**

1- «-غاچقا» لىق رەۋىشداش

پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە «-غاچقا، - قاچقا، -گەچكە، -كەچكە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىرغاڭلاپ دەريا تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقۇدەك. توشقان كۈچىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ يولدا ئاپىسى سۆزلەپ بەرگەن بوۋىسى بىلەن تاشپاقىنىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئېسىگە ئېلىپ ئىختىيارسىز ھالدا: «مەن چوقۇم بۇ ساۋاقنى ئېسىمدە ساقلايمەن» دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ قويۇپتۇ - دە، كۈچىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپتۇ. خېلى ئۇزۇن يۈگۈرگەندىن كېيىن، ئىنتايىن تار كۆۋرۈككە يېتىپ كەپتۇ: « ۋاي خۇدايىم! بۇ نەدىمۇ كۆۋرۈك بولسۇن؟ بۇ بىر ئەگرى - توقاي ياغاچقۇ! مۇبادا مايمۇندىن دەرەخكە يامىشىش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالمىغان بولسام بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن» دېگىنىچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ياغاچنى بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن دەسسەپ قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ، شەرقتىكى دەرەخ تەرەپكە قاراپ تېز يۈگۈرۈپتۇ، دەرەخكە يېقىنراق جايدا توختاپ ئارقىسىغا قارىغانىكەن، ھېچنىمە كۆرۈنمەپتۇ.

- مەن يەڭدىم! مەن غەلبە قىلدىم! مەن ئاكا بولىدىكەن بولدۇم، - دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋاقىراپتۇ توشقان.

- توشقان ئەپەندى، نېمىشقا ئۇ يەردە تۇرۇۋېلىپ ۋارقىراۋېرىسەن؟ - توساتتىنلا دەرەخ تەرەپتىن ئاۋاز چىقىپتۇ، - بىلىشىڭ كېرەككى، سەن چۈشۈمنى بۇزۇۋېتىپ ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدۈڭ.

توشقان چۆچۈگەن ھالدا دەرەخكە يېقىن بېرىپ:

- ئەجەبا.... - دېگىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ.

- غاق! غاق!غاق! - غاز ھېلىقى دەرەخ ئالدىدا كېرىلىپ قاناتلىرىنى سىلكىپ، ئەسنىگەن پېتى ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

- بۇ راستتىنلا سەنمۇ؟... - توشقان نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.

- مەن يېتىپ كەلگىلى ئىككى سائەتتىن ئاشتى. ئەجەب ساقلاتتىڭ مېنى، مەن تېخى سېنى شەرققە قۇياشنى قوغلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئەمدى كەلمەيدىغان بولدى، دەپ ئويلاپتىمەن.

- سەن... - توشقان نېمە دېيىشنى بىلمەي يۈزىدىن تارتىپ چىرايلىق قۇلقىغىچە ھەتتا بەدىنىدىكى تۈكلىرىگىچە قىزىرىپ كېتىپتۇ.

ئەمدىغۇ مېنى غاز ئاكا دەمسەن؟

- ياق...

- نېمىشقا؟

مەن سېنى غاز ئۇستام دەيمەن، سەندىن ھۈنەر ئۆگىنىپ، سېنىڭ ئوقۇغۇچىڭ

- ۋايىيەي مۇشۇمۇ قۇلاق بولدىمۇ؟ مېنىڭ قۇلىقىمنىڭ يۇزدىن بىرىگىمۇ تەڭ كەلمەيدىكەنغۇ؟

- مېنىڭ قۇلىقىم كىچىك بولغىنى بىلەن ناھايىتى يارامىلىق، سېنىڭ قۇلىقىڭ چوڭ بولسىمۇ پەقەت شامالنى توسىدۇ ياكى زىننەت - بۇيۇملىقلا رول ئوينايدۇ.

- سەن مېنى ھاقارەتلەشكە پېتىندىڭما؟

- سۆيۈملۈك توشقان ئەپەندى، سېنىڭ ئاۋۇ گۈزەل چوڭ قۇلىقىڭ دانىشمەن ئۇستازىڭنىڭ تاپىلىغان سۆزىنى ساقلىيالىدىمىكىن؟

- ھە...ھە... خاپا بولمىغىن، مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويغىنىڭغا رەھمەت! ھۆرمەتلىك... سېنى نېمدەپ چاقىرىمەن؟

- مېنى غاز ئاكا دېسەڭ بولىدۇ.

- بىراق سەن ئاڭا بولۇشقا لايىقمۇ؟ ئەجەبا مەن سەندىن ئاشۇ قۇلاققا خۇش ياقمايدىغان غاقىلدىغان ئاۋازنى ئۆگىنەمدىم ياكى ئاشۇ كۆرۈمسىز ئۇسسۇلۇڭنىمۇ؟ يول مېڭىشقا كەلگەندە، مەن سەندەكتىن يىگىرمىگە تەڭ كېلەلەيمەن.

- ئۇنداق ئەمەستۇ.

- ئەگەر قورقمىساڭ ئىككىمىز بەسلىشىپ باقايلى. لېكىن ئالدىدا كېلىشىۋالايلى، كىم يەڭسە، شۇ ئاكا بولۇشقا لايىق، مۇتتەھەملىك قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، بولامدۇ؟

- بولىدۇ، ھەممىسى سېنىڭ ئىختىيارىڭچە بولسۇن. بىز قارشى قىرغاقتىكى دەرەخنى ئاخىرقى نۇقتا قىلايلى.

- ماقۇل، - توشقان ناھايىتى خۇشال ھالدا ماقۇل بولۇپ، قارشى قىرغاققا قاراپ قويۇپ بىردىنلا بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك:

- لېكىن نەدە كۆۋرۈك بار؟ - دەپ سوراپتۇ.

- دەريانى بويلاپ شەرققە ماڭساڭ، يالغۇز ئاياغ كۆۋرۈك بار، - دەپتۇ غاز.

- سەن ئالدىدا يۈگۈرگىن.

- ھاجىتى يوق، بىرلىكتە يۈگۈرەيلى.

شۇنىڭ بىلەن توشقان «بىر، ئىككى» دەپ ۋاقىرىغىنىچە بىراقلا بەش مېتىر يىراقلىققا سەكرەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسابىقە رەسمىي باشلىنىپتۇ.

توشقان خېلى ئۇزۇن يەرگىچە يۈگۈرۈپ بولۇپ ئارقىسىغا قارىسا، غاز يەنىلا